السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مېنىڭ قارىشىمچە چۈشلىرىڭلار ئاخىرقى يەتتە كۈندە بىرلىككە كەلدى، قەدىر كېچىسىنى ئىزدىگۈچىلەر ئاخىرقى يەتتە كۈندە ئىزدىسۇن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بەزى كىشىلەر قەدىر كېچىسىنى چۈشىدە ئاخىرقى يەتتە كۈندە كۆردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ قارىشىمچە چۈشلىرىڭلار ئاخىرقى يەتتە كۈندە بىرلىككە كەلدى، قەدىر كېچىسىنى ئىزدىگۈچىلەر ئاخىرقى يەتتە كۈندە ئىزدىسۇن» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

قەدىر كېچىسى شەرەپلىك، ئۇلۇغ كېچە، ئۇ كېچىدە ياخشىلىق ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلۇپ، خاتالىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئىشلار بەلگىلىنىدۇ. ساھابىلار(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئورنىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلگەن ۋاقىتتا، ئۇ كېچىنىڭ ۋاختىنى بىلىشنى ياخشى كۆردى، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ خەلقىگە قىلغان رەھمىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ قەدىر كېچىسىنى ھەممە كېچىلەردە ئىزدەپ، ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدىغان ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشۇلىشى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۇ كېچىنى مەخپى قىلدى. ساھابىلار ئۇ كېچىنى چۈشىدە كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ چۈشى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كۈنىگە توغرا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ قارىشىمچە چۈشلىرىڭلار ئاخىرقى يەتتە كۈندە بىرلىككە كەلدى، قەدىر كېچىسىنى ئىزدىگۈچىلەر ئاخىرقى يەتتە كۈندە ئىزدىسۇن» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئاخىرقى ئون كۈندە، بولۇپمۇ ئاشۇ ئون كۈننىڭ تاق كېچىلىرىدە،- دەپ كەلدى، قەدىر كېچىسىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئىكەنلىكى ئېنىق، مۇسۇلمان رامىزاندا ۋە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە كۆپرەك، رامىزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسىدە بەكرەك ھېرىسمەن بولسۇن»

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4545

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee